بِسْمِ اللَّهِ الرَّحْمَنِ الرَّحِيمِ

# ئىسلام ئاۋازى

## 1- سان

(قوش ھەپتىلىك گېزىت)

## تەھرىردىن سۆز

بارچە مەدھىيە ۋە ھەمدۇ - سانالار پۈتكۈل ئالەمنى ۋە ئىنسانىيەتنى يوقتىن بار قىلغان ۋە ھېكمەتلىك باشقۇرۇپ تۇرىدىغان يەككە - يېگانە الله قا خاستۇر. ھەق دىن بىلەن ئەۋەتىلگەن مۇجاھىدلار سەردارى، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ﷺ گە ۋە ئۇ زاتنىڭ ئائىلە - تاۋابىئاتلىرىغا، پىداكار ساھابىلىرىگە ۋە قىيامەت كۈنىگىچە ئۇ زاتنىڭ سۈننىتىنى چىڭ تۇتۇپ ئەگىشىپ ماڭغان مۆئمىنلەرگە الله نىڭ سالىمى، رەھمىتى ۋە مەغپىرىتى بولسۇن، ئامىن!

ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم مۇسۇلمان قېرىنداشلار ۋە ھەمشىرىلەر!

سىلەرنىڭ مەنئۇى تۇرمۇشۇڭلارنى تېخىمۇ بېيىتىش، قەغەز يۈزىدە بولسىمۇ ئىمانلىنىش، ئەتراپىمىزدا يۈز بېرىۋاتقان يېڭىلىقلاردىن خەۋەردار قىلىش، بارلىق قېرىنداشلارنىڭ ئوقۇپ پايدىلىنىشى ئۈچۈن ئىمكانىيەت يارىتىپ بېرىش؛ جۈملىدىن ئەمىر - مەئرۇف، نەھيى - مۇنكەر ئىشلىرىمىزغا تولۇقلىما قىلىش يۈزىسىدىن، مېھرىبان الله نىڭ رەھمىتى ۋە ياردىمى بىلەن «ئىسلام ئاۋازى گېزىتى»نى چىقىرىشقا مۇۋەپپەق بولدۇق، الحمد لله!

ئىنسان بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن بۇ گېزىتنى ئەلۋەتتە كەمچىلىكتىن خالىي دېيەلمەيمىز. ئەگەر توغرا قىلغان بولساق الله نىڭ پەزلى - مەرھەمىتىدىن، خاتا قىلغان بولساق ئۆزىمىزدىن. ئىخلاسمەنلىرىمىزنىڭ گېزىتىمىزگە قارىتا تەكلىپ - پىكىرلىرى بولسا سېخىيلىق بىلەن ئوتتۇرىغا قويۇشىنى، كەمچىلىك ۋە خاتا كەتكەن يەرلىرى بولسا تۈزىتىپ بېرىشىنى تۆۋەنچىلىك بىلەن سورايمىز.

# بولاقتىن تامچە

الله تعالى مۇنداق دەيدۇ: ﴿كَمَا أَرْسَلْنَا فِيكُمْ رَسُولًا مِنْكُمْ يَتْلُو عَلَيْكُمْ آيَاتِنَا وَيُزَكِّيكُمْ وَيُعَلِّمُكُمُ الْكِتَابَ وَالْحِكْمَةَ وَيُعَلِّمُكُمْ مَا لَمْ تَكُونُوا تَعْلَمُونَ﴾.

### ئايەتنىڭ تەرجىمىسى

«شۇنىڭدەك (يەنى سىلەرگە بەرگەن نېئمىتىمنى كامالەتكە يەتكۈزگىنىمدەك) ئۆز ئىچىڭلاردىن سىلەرگە بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزنى تىلاۋەت قىلىپ بېرىدىغان، سىلەرنى (مۇشرىكلىك ۋە گۇناھتىن) پاك قىلىدىغان، سىلەرگە كىتابنى (يەنى قۇرئاننى) ۋە ھېكمەتنى (يەنى دىنىي ئەھكاملارنى) ئۆگىتىدىغان، سىلەرگە بىلمىگەنلىرىڭلارنى بىلدۈرىدىغان بىر پەيغەمبەر ئەۋەتتۇق» (سۈرە بەقەرە 151- ئايەت).

### ئايەت تەپسىرى

قال الله تعالى: «كَمَا أَرْسَلْنَا فِيكُمْ رَسُولًا مِنْكُمْ يَتْلُو عَلَيْكُمْ آيَاتِنَا».

بۇ ئايەتنى شەھىد ئۇستاز سەييىد قۇتۇب رَحِمَهُ الله مۇنداق تەپسىر قىلغان:

1. پەيغەمبەرلىكنىڭ ۋە ئاخىرقى پەيغەمبەرنىڭ ئەرەبلەردىن بولۇشى — خۇسۇسەن الله نىڭ ئۇلارغا ئاتا قىلغان پەزلى - مەرھەمىتىدۇر، ئومۇمەن ئادەم بالىلىرىغا ئاتا قىلىنغان ھۆرمەت ۋە ئىززەتتۇر.

2. پەيغەمبەر ﷺ بىزلەرگە تىلاۋەت قىلىپ بەرگەن قۇرئان — ھەقتۇر.

3. بۇ ئايەتتىن الله تعالى بەندىلەرگە ئۆز كالامى بىلەن سۆز قىلىپ، ئۇ كالامنى ئۇلارغا پەيغەمبەرنىڭ ئوقۇپ بېرىشىنىڭ كاتتا بىر نېئمەت ئىكەنلىكى ئۇقتۇرۇلغان. ئۇنداق بولمىسا ئۇلۇغ الله ئىنسانلارغا ئۆز كالامى بىلەن خىتاب قىلىپ، ئۇلارغا بۇنچىۋالا بەك كۆڭۈل بۆلگۈدەك كىملەر ئىدى!؟

ئۇلۇغ الله نىڭ پەزلى - مەرھەمىتى بولمايدىغان بولسا ۋە ئۇلۇغ الله ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىغا بۇرۇندىنلا مۇشۇ ئىنئامغا لايىق ئىمان نۇرى كىرگۈزمىگەن بولسا، ئىنسان بۇ ئىنئامغا لايىق بولمىغان بولاتتى.

«وَيُزَكِّيكُمْ» — سىلەرنى پاكلايدۇ.

ناۋادا ئۇلۇغ الله ئىنسانلارنى پاكلىمىغان بولسا ھېچكىم پاكلىنالمىغان ۋە يۈكسەلمىگەن بولاتتى لېكىن الله پەيغەمبەر ئەۋەتتى.

پەيغەمبەر ئۇلارنىڭ روھىيىتىنى شېرىك ۋە جاھىلىيەتنىڭ بۇلغانمىلىرىدىن، ئىنسانىيەت روھىغا ئارتۇقچە بېسىم ئەكېلىۋاتقان نىجىس ئەقىدىلەردىن پاكلايدۇ؛ ئۇلارنى شەھۋەت، ئىستىللار بۇلغانمىلىرىدىن پاكىزلايدۇ. نەتىجىدە ئىنسانلارنىڭ روھى جاھىلىيەت پاتقاقلىرىغا چۈشۈپ قالمايدۇ.

بۇرۇنقى ۋە ھازىرقى دەۋردە ئىسلام ئارقىلىق روھىنى پاكىزلىمىغان كىشىلەر ئىنساننى ئىنسانىيەت دەرىجىسىدىن چۈشۈرۈۋېتىدىغان خاھىش ۋە ئىستىل پاتقاقلىرىغا پېتىپ قېلىۋاتىدۇ. مانا بۇ ئىنساندىن پىترىتى (يەنى ئۆز تەبىئىتى) بىلەن ھەرىكەت قىلىدىغان ھايۋان ئۇستۇن تۇرىدۇ. ئىمانسىز ئىنسان — مانا بۇنداق ھايۋانلاردىنمۇ نىجىستۇر.

مانا بۇ ئەلچى ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنى جازانە، ھارام، خىيانەت ۋە بۇلاڭ - تالاڭدىن پاكىزلايدۇ.

مانا بۇ ئىشلار ئىنسانىيەتنىڭ روھىيىتى ۋە تۇيغۇلىرىنى، جەمئىيەتنى ۋە ھاياتنى بۇلغايدىغان مىكروبلاردۇر.

بۇ ئەلچى ئىنسانىيەت ھاياتىنى زۇلۇم ۋە تاجاۋۇزدىن پاكىزلايدۇ. ئۇيئۇچۇق پاك ئادالەتنى تارقىتىدۇ.

مانا بۇ پاك ئادالەت ئىسلامىيەتتىن باشقا ھېچقانداق بىر دىندا كۆرۈلۈپ باقمىغان.

«وَيُعَلِّمُكُمُ الْكِتَابَ وَالْحِكْمَةَ» — ئۇ ئەلچى سىلەرگە كىتابنى ۋە ھېكمەتنى ئۆگىتىدۇ. يەنى سىلەرگە كىتاب (قۇرئان)نى ۋە ھېكمەت (سۈننەت)نى ئۆگىتىدۇ.

ھېكمەت — ئىشلارنى ئۆزىنىڭ توغرا ئورنىدا قويۇش ۋە ئىشلارنى توغرا ئۆلچەم بىلەن ئۆلچەملەش، بۇيرۇق ۋە كۆرسەتمىلەرنىڭ غايىلىرىنى، مەقسەتلىرىنى بىلىشتۇر.

«وَيُعَلِّمُكُمْ مَالَمْ تَكُونُوا تَعْلَمُونَ» — ئۇ ئەلچى سىلەرگە سىلەر بىلمەيدىغان نەرسىنى ئۆگىتىدۇ.

مانا بۇ — مۇسۇلمان جامائەت رېئاللىقىدا ئەمەلىيلەشكەن ھەقىقەتتۇر.

پەيغەمبەر ﷺ بۇ تاغلىق ئەرەبلەردىن بارلىق ئىنسانىيەتكە ھېكمەتلىك، توغرا، تەجرىبىلىك، يىراقنى كۆرەر، ئىشلارنىڭ ماھىيىتىنى بىلىدىغان بىر تۈركۈم قوماندانلارنى يېتىشتۈرۈپ چىقتى.

مانا بۇ «قۇرئان كەرىم» رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ كۆرسەتمىسى بىلەن بىللە تەلىم - تەربىيەنىڭ ئاساسى بولغان.

پەيغەمبەر ﷺ نىڭ مەسجىدى بولسا «قۇرئان كەرىم» ئۆگىتىلىدىغان چوڭ ئۇنىۋېرسىتېت بولۇپ، شۇ ئۇنىۋېرسىتېتتىن ئىنسانىيەتكە ھېكمەتلىك، توغرا قوماندانلىق قىلىدىغان قوماندانلار يېتىشىپ چىققان.

ئىنسانىيەت تارىخىدا مەيلى بۇرۇن بولسۇن ياكى كېيىن بولسۇن، ئەنە شۇ سۈزۈك بۇلاقتا تەربىيىلەنگەن قوماندانلارنىڭ ئوخشىشى كۆرۈلۈپ باقمىغان.

ئىسلام ئۈممىتى بۇ بۇلاققا قايتسا ۋە قۇرئانغا ھەقىقىي ئىشەنسە، قۇرئان كەرىمنى پەقەت قۇلاقلارنى خۇرسەن قىلىش ئۈچۈن تىللار بىلەن سۆزلىنىدىغان سۆزلەرلا قىلىپ قويماستىن بەلكى ھايات مەنھەجى قىلسا، ئۇ — دەۋرى قىيامەتكىچە يېڭى ئەۋلاد ۋە يېڭى قوماندانلارنى تەربىيىلەش خۇسۇسىيىتىگە ئىگىدۇر.

ئى رەببىم، بارلىق مۇسۇلمانلارنى پەيغەمبەرلەرنىڭ ئىمامى مۇھەممەد ﷺ پۈتكۈل ئىنسانىيەتكە ئېلىپ كەلگەن مۇبارەك «قۇرئان كەرىم»گە مەھكەم ئېسىلغىلى نېسىپ قىلغىن ۋە بۇ ئارقىلىق ئىسلامىي خىلاپەتنى ئەسلىگە كەلتۈرىدىغان، جۈملىدىن ۋەتىنىمىز شەرقىي تۈركىستاننى ئىسلامىي مۇستەقىللىققە ئېرىشتۈرىدىغان يېتەكچىلەرنى چىقىرىپ بەرگىن، ئامىن!

# دىنىي ئەھكاملار

## ئەھلى سۈننە ۋەلجامائە ئەقىدىسى ھەققىدە چۈشەنچە

سوئال: «ئەقىدە» دېگەن سۆزنىڭ لۇغەتتىكى مەنىسى نېمە؟

جاۋاب: «ئەقىدە» دېگەن سۆز «عَقْدٌ» دېگەن سۆزدىن كېلىپ چىققان بولۇپ، «باغلاش ۋە مۇستەھكەم چىگىش» دېگەن مەنىدە؛ «يەقىين ۋە جەزمىيلىك» دېگەن سۆزلەرمۇ ھەم «عَقْدٌ» دېگەن سۆزنىڭ جۈملىسىدىندۇر. «عَقْدٌ» دېگەن سۆز — «حَلٌّ (يەنى يېشىش)» دېگەن سۆزگە قارشى مەنىدىكى سۆزدۇر.

«ئەقىدە» دېگەن — ئۇنىڭغا ئېتىقاد قىلغۇچىنىڭ نەزىرىدە شەك قوبۇل قىلىنمايدىغان ھۆكۈمدۇر. دىندىكى ئەقىدە دېگەندە ئەمەلسىز ئېتىقاد مەقسەت قىلىنىدۇ. مەسىلەن، الله نىڭ بارلىقى ۋە ئەلچىلەرنى ئەۋەتكەنلىكىگە، ھاراقنىڭ ھاراملىقىغا ۋە ئۆتۈككە مەسھ قىلىشنىڭ دۇرۇسلۇقىغا ئېتىقاد قىلغانغا ئوخشاش.

«عقيدة» دېگەن سۆزنىڭ كۆپلۈك شەكلى «عقائد (يەنى «ئەقىدىلەر» دېگەن مەنىدە)»تۇر.

خۇلاسە: «ئەقىدە» دېگەن — مەيلى ھەق ياكى باتىل بولسۇن ئىنسان قەلبى ئۇنىڭغا جەزمىي قىلغان ھالەتتە باغلانغان نەرسىدۇر.

سوئال: «ئەقىدە» دېگەن سۆزنىڭ ئىستىلاھى مەنىسى (شەرىئەتتىكى ئىستىمال مەنىسى) نېمە؟

جاۋاب: «ئەقىدە» دېگەن سۆزنىڭ ئىستىلاھى مەنىسى (شەرىئەتتىكى ئىستىمال مەنىسى): ئەقىدە دېگەن — شەك ئارىلىشىپ قالمىغان، مۇستەھكەم بىر جەزمىيلىك دەرىجىسىدە قەلبنىڭ ئۇنى تەستىقلىشى ۋە كۆڭۈلنىڭ ئارام تېپىشى ۋاجىپ بولغان ئىشلاردۇر. ئىنساننىڭ ئۇنىڭغا قەلبنى باغلايدىغانلىقى — ئۇنىڭ «ئەقىدە» دەپ ئاتىلىشىدىكى سەۋەبتۇر.

سوئال: «ئىسلامىي ئەقىدە» دېگەن نېمە؟

جاۋاب: «ئىسلامىي ئەقىدە» دېگەن — الله تعالى نىڭ رۇبۇبىيىتىگە، ئۇلۇھىيىتىگە، ئىسىم - سۈپەتلىرىگە، الله تعالى نىڭ ۋە رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ ھەر قانداق بۇيرۇق ۋە خەۋەرلىرىگە، دىنىنىڭ ئاساسى قائىدىلىرىگە ۋە سەلەف سالىھلار ئىجماغا كەلگەن نەرسىلەرگە جەزمىي ئىمان كەلتۈرۈش؛ الله تعالى نىڭ بۇيرۇقىدا ۋە ھۆكمىدە، ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىشتا، رەسۇلۇللاھ ﷺ گە ئەگىشىشتە الله قا تولۇق باش ئېگىشتۇر.

«ئىسلامىي ئەقىدە» دېگەن سۆز مۇتلەق كەلسە، ئۇنداقتا ئۇ ئەھلى سۈننە ۋەلجامائەنىڭ ئەقىدىسىنى ھەمدە ساھابىلەر، تابىئىنلار ۋە ئۇلارغا ئېھسان بىلەن ئەگەشكەنلەردىن تەشكىل تاپقان پەزىلەتلىك ئۈچ ئەسىر كىشىلىرىنىڭ ئەقىدىسىنى كۆرسىتىدۇ.

سوئال: ئىسلامىي ئەقىدە يەنە قانداق ئىسىملار بىلەن ئاتىلىدۇ؟

جاۋاب: «ئىسلام ئەقىدىسى» ئەقىدە ۋە تەۋھىد كىتابلىرىدا «التوحيد (يېگانە الله قىلا ئىبادەت قىلىش)»، «سنة (يول، ئۆلچەم)»، «أصول الدين (دىنىنىڭ ئاساسلىرى)»، «الفقه الأكبر (چوڭ فىقھى)»، «شريعة (قانۇن)»، «الإيمان (ئىمان)»، «منهج (يول، ئۆلچەم)»، «منهاج (يول، ئۆلچەم)» قاتارلىق ئىسىملار بىلەن ئاتىلىدۇ. مانا بۇلار ئەھلى سۈننە ۋەلجامائەدىكىلەر ئەقىدە ئىلمى ئۈچۈن ئىشلەتكەن مەشھۇر ئىسىملاردۇر.

سوئال: «سەلەف» دېگەن سۆزنىڭ لۇغەت مەنىسى نېمە؟

جاۋاب: «سەلەف» دېگەن ئۆتمۈشكە ئايلانغان ۋە ئىلگىرى ئۆتۈپ كەتكەن نەرسە، ئىلگىرى ئۆتكەن جامائەت ياكى تارىختا ئىلگىرى ئۆتكەن قەۋم دېگەنلىكتۇر. الله تعالى مۇنداق دەيدۇ: ﴿فَلَمَّا آسَفُونَا انْتَقَمْنَا مِنْهُمْ فَأَغْرَقْنَاهُمْ أَجْمَعِينَ ۞ فَجَعَلْنَاهُمْ سَلَفًا وَمَثَلًا لِلْآخِرِينَ ۞﴾ «ئۇلار بىزنى دەرغەزەپ قىلغاندا ئۇلارنى بىز (ئەڭ قاتتىق جازالار بىلەن) جازالىدۇق، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى (دېڭىزدا) غەرق قىلدۇق [55]. ئۇلارنى بىز (كۇففارلارنىڭ ئازابقا تېگىشلىك بولۇشىدا) كېيىنكىلەرگە نەمۇنە ۋە ئىبرەت قىلدۇق [56]» (سۈرە زۇخرۇف 55-، 56- ئايەتلەر).

ۋە يەنە «سەلەف» دېگەن — سەندىن ئىلگىرى ئۆتكەن، ياش ۋە پەزىلەت جەھەتتە سەندىن ئۈستۈن بولغان ئاتا - بوۋىلىرىڭ ۋە ئۇرۇق - تۇغقانلىرىڭدۇر.

(الله خالىسا داۋامى كېلەركى ساندا)

# ھەدىس ئۈنچىلىرى

عَنْ أَبِي بَكْرِ الصِّدِّيقِ رضي الله عنه قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللَّهِ ﷺ: «عَلَيْكُمْ بِالصِّدْقِ فَإِنَّهُ مع البِرّ وَهُمَا فِي الجَنَّةِ وَإِيَّاكُمْ وَالْكَذِبَ فَإِنَّهُ مَعَ الْفُجُورِ وَهُمَا فِي النَّارِ وَسَلُوا اللَّهَ الْيَقِينَ وَالْمُعَافَاةَ فَإِنَّهُ لَمْ يُؤْتَ أَحَدٌ بَعْدَ الْيَقِينِ خَيْرًا مِنَ الْمُعَافَاةِ وَلاَ تَحَاسَدُوا وَلاَ تَبَاغَضُوا وَلاَ تَقَاطَعُوا وَلاَ تَدَابَرُوا وَكُونُوا عِبَادَ اللهِ إِخْوَانًا كَمَا أَمَرَكُمْ اللهُ».

ئەبۇ بەكرى سىددىق رضي الله عنه دىن نەقىل قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «راستچىللىقنى لازىم تۇتۇڭلار چۈنكى ئۇ ياخشىلىق بىلەن بىللە، ئۇ ئىككىسى جەننەتتىدۇر. يالغانچىلىقتىن ھەزەر قىلىڭلار چۈنكى ئۇ گۇناھ - مەئسىيەت

(ئاخىرى 2- بەتتە)

(بېشى 1- بەتتە)

بىلەن بىللە، بۇ ئىككىسى دوزاختىدۇر. الله تعالى دىن ھەقىقىي ئىمان ۋە تىنچلىق سوراڭلار چۈنكى كىشىگە جەزمى ئىمان، ساق - سالامەتچىلىك ۋە ئەپۇ قىلىشتىن ياخشىراق نەرسە بېرىلمەيدۇ. ئۆزئارا ھەسەت قىلىشماڭلار، غەزەپ قىلىشماڭلار، تۇغقانچىلىقنى ئۈزۈۋەتمەڭلار، بىر - بىرىڭلار بىلەن ئۆچ - ئاداۋەتتە بولماڭلار، ئارقاڭلارنى قىلىشماڭلار، الله بۇيرۇغاندەك الله نىڭ قېرىنداش بەندىلىرىدىن بولۇڭلار» (بۇخارى، ئەھمەد ۋە ئىبنى ماجە توپلىغان).

### ھەدىسنىڭ شەرھىيسى

ئىمام سۇيۇتى مۇنداق دېگەن: «ھەقىقەتەن راستچىللىق — سالىھ ئەمەلگە باشلايدۇ، ئىنسان شۇ ئارقىلىق راستچىللىقنىڭ ساھىبى بولىدۇ. يالغانچىلىق — قەبىھ ئەمەلگە باشلايدۇ، ئاخىرىدا ئۇ ئادەم يالغانچىلىقتىن ئايرىلالمايدۇ. سىلەر راستچىللىقنى لازىم تۇتۇڭلار، راستچىللىققا كۆڭۈل بۆلۈڭلار، يالغانچىلىقتىن ساقلىنىڭلار».

نەۋەۋى: «ھەسەت دېگەن بىراۋنىڭ نېئمىتىنىڭ قولدىن كېتىشىنى ئۈمىد قىلىش دېگەنلىك بولۇپ، بۇ شەرىئەتتە ھارامدۇر.

<سىلەر غەزەپ قىلىشماڭلار، ئارقاڭلارنى قىلىشماڭلار، مۇناسىۋەتنى ئۈزمەڭلار> دېگەننىڭ مەنىسى بىردۇر. يەنى بىر - بىرىڭلارغا غەزەپ قىلىپ (يۈز ئۆرۈپ) ئارقاڭلارنى قىلىشماڭلار دېگەن مەنىدە.

<سىلەر الله نىڭ قېرىنداش بەندىسى بولۇڭلار> دېگەننىڭ مەنىسى — سىلەر ئۆزئارا قېرىنداشلارچە مۇئامىلە قىلىپ ياشاڭلار ھەمدە تۇرمۇشۇڭلارنى مېھىر - مۇھەببەت، كۆيۈنۈش، مېھىر - شەپقەت ۋە ياخشىلىقتا ھەمكارلىشىش، ساپ قەلب ۋە ھەر قانداق ھالەتتە بىر - بىرىڭلارغا نەسىھەت قىلىش ئاساسىغا قۇرۇڭلار دېگەنلىك بولىدۇ» دېدى. بەزى ئالىملار: «ئۆزئارا غەزەپ قىلىشتىن توسۇش، ئازدۇرغۇچى ھاۋايى - ھەۋەسكە ئەگىشىشتىن توسۇش دېگەنلىك» دېگەن.

سىلە - رەھىمنىڭ مەنىسى — تۇغقانچىلىقنى ئۇلاشتۇر. قازى ئىياز رَحِمَهُ الله: «سىلە - رەھىم قىلىش ئومۇمەتەن ۋاجىبتۇر، ئۇنى ئۈزۈش چوڭ گۇناھتۇر. سىلە - رەھىمدە بىر نەچچە مەرتىۋە بولۇپ، ئۇنىڭ ئەڭ تۆۋىنى سالاملىشىش بىلەن بولسىمۇ ئۇلاپ تۇرۇشتۇر دېگەن بولىدۇ» دېدى.

# يۇلتۇزلار چېمىرلايدۇ

### مۇقەددىمە

بارلىق ھەمدۇ - سانالار ئالەملەرنىڭ رەببى الله قا خاستۇر. دۇرۇد ۋە سالاملىرىمىز ئۇنىڭ ھەق ئەلچىسى مۇھەممەد ﷺ گە، ئۇ زاتنىڭ ئائىلە - تاۋابىئاتلىرىغا، ساھابىلىرىگە ۋە قىيامەتكە قەدەر ئۇ زاتنىڭ يولىنى تۇتۇپ، سۈننىتىگە ئەگىشىپ، ئىزىدىن ماڭغان مۇئمىنلەرگە بولسۇن !

رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ تارىخىنى بىلىش ھەر بىر مۇسۇلمان ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم ۋە ئەھمىيەتلىك بىر ئىشتۇر چۈنكى ئىنسان رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ تارىخىنى بىلىش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ئىش - ئىزلىرىنى ۋە سۆزلىرىنى رەسۇلۇللاھ ﷺ ۋە ئۇ زات بىلەن بىللە جىھاد قىلغان ئۇتيۈرەك ساھابە - كىراملارنىڭ تارىخىغا تەتبىقلىيالايدۇ ھەمدە شۇ ئارقىلىق الله نىڭ ياخشى كۆرۈشىگە ئېرىشەلەيدۇ شۇنداقلا تۇتقان يولىنى رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ يولىغا ۋە ئىسلام مەنھەجىگە ئۇيغۇن، توغرا ئېلىپ ماڭالايدۇ. ئەمەللىرىمۇ الله تبارك وتعالى نىڭ ھوزۇرىدا تىلغا ئېلىنغۇدەك، شۇ ئىنساننىڭ دۇنيا - ئاخىرەتلىكى ئۈچۈن مەنپەئەتلىك بولالايدۇ.

مېڭىۋاتقان يولىنىڭ لېنىيىسىدىن پۈتۈنلەي خەۋەرسىز بولغان يولۇچىنىڭ ئۇ يولنى توغرا قەدەم بىلەن راۋرۇس داۋام ئېتىشى ئەقىلگە سىغمايدىغان بىر ئىشتۇر. شۇڭلاشقا ھەر بىر مۇسۇلمان ئۆزى مېڭىۋاتقان يولدا ئادىشىپ كەتمەسلىكى ۋە قىلغان ھەر بىر ئەمەللىرى الله تبارك وتعالى نىڭ دەرگاھىدا تىلغا ئېلىنغۇدەك مەنپەئەتلىك بولۇشى ئۈچۈن، ئۆز مۇساپىسىدە ئالدىنى يورۇتۇپ بەرگۈچى مەشئەلنى لازىم تۇتۇشى كېرەك. ئۇ مەشئەللەرنىڭ بىرى — رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ تارىخىنى بىلىش ۋە رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ ئىش - ئىزلىرىدا تەتقىقات ئېلىپ بېرىشتۇر. شەكسىزكى، تارىختىن تا ھازىرغىچىلىك بىلىمسىزلىك ھەممە جىنايەتنىڭ باشلامچىسى بولۇپ كەلمەكتە؛ بىلىمسىزلىك، ئىزدەنمەسلىك، ھورۇنلۇق ۋە بوشاڭلىق بىزلەرنى ھالاكەتكە باشلاپ ماڭماقتا.

ئى قېرىنداشلار! ئىسلام ئۈممىتى پەقەت رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ غازاتلىرىدىن جەڭ تاكتىكىلىرىنى، مەشىق ئۇسلۇبلىرىنى، نۇرلۇق كامىل ئەدەبلىرىنى، ماختالغۇچى ئەخلاقلىرىنى، ساغلام ئەقىدىسىنى، سالىھ ئىبادەتلىرىنى، كامىل پەزىلەتلىرىنى، پاك ۋە سۈپسۈزۈك قەلبىنى ئۆزىگە نەمۇنە قىلىپ، شۇ ئارقىلىق ئۆز يولىنى نۇرلاندۇرىدۇ. شۇنداقلا الله نى ھەقىقىي ياخشى كۆرۈشنىڭ ئىپادىسى بولغان جىھادنى، الله يولىدا مەقبۇل شاھادەتكە يېتىش يولىدىكى ئۇچرىغان ھەر تۈرلۈك مۇسىبەتلەرگە قانداق سەۋر قىلىشنى ۋە قانداق مۇئامىلە قىلىشنى ئۆگىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن،

بىز ھەربىر مۇسۇلمان ۋە مۇسلىمەلەرگە، جۈملىدىن جىھاد سېپىدىكى بارلىق مۇجاھىد ۋە مۇجاھىدەلەرگە ئازتولا مەنپەئەتى بولۇشى؛ قېرىنداشلىرىمىزنىڭ ھەر بىر ئىش - ئىزلىرىدا رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ تۇتقان يولىنى ئۆرنەك قىلىپ، ئىسلام مەنھەجىگە ئۇيغۇن ئېلىپ مېڭىشى ئۈچۈن بۇ رىسالىنى يېزىشقا كىرىشتۇق.

رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ غازاتلىرىنىڭ سەھىھ مەنبەدىن تۇرغۇزۇلۇشى ئۈچۈن «تاريخ الطبري»، «البداية والنهاية»، «السيرة النبوية لإبن هشام»، «غزوات الرسول»، «الرحيق المختوم»، «المنهج الحركي»، «إنها النبوة»، «الكامل فى التاريخ لإبن الأثير»، «السيرة النبوية لإبن كثير» قاتارلىق كىتابلاردىن پايدىلاندۇق ۋە ئاجىز ياكى يالغان تارىخلارنىڭ قوشۇلۇپ قېلىشىدىن ئالاھىدە ئېھتىيات قىلدۇق. ئاجىز بەندە بولغانلىقىمىز ئۈچۈن بۇ رىسالىنى ئەلۋەتتە بەزىبىر يېتەرسىزلىك ۋە كەمچىلىكلەردىن خالىي دېگىلى بولمايدۇ. شۇڭا ئوقۇرمەن قېرىنداشلىرىمىزنىڭ يېتەرسىزلىك ۋە كەمچىلىكلەرنى تۈزىتىپ، قىممەتلىك تەكلىپ - پىكىرلىرىنى ئايىماسلىقىنى ئۈمىد قىلىمىز.

ئاخىرىدا، رەببىمىز الله تىن ھەربىرىمىزنىڭ ئەمەللىرىنى زايە قىلىۋەتمەسلىكىنى، ئۆز رازىلىقى ئۈچۈن خالىس قىلىپ بېرىشنى، ئۆز دەرگاھىدا مەقبۇل قىلىنغۇچى ئەمەل قىلىپ بېرىشنى، ئەمەللىرىمىزنى شەخسەن ئۆزىمىزنىڭلا مەنپەئەتى ئۈچۈن ئەمەس بەلكى پۈتۈن ئىسلام ئۈممىتى ئۈچۈن مەنپەئەتلىك قىلىپ بېرىشنى، ياخشى ئەمەللىرىمىزنى تارازىمىزدا ئېغىر قىلىپ بېرىشنى قايتا - قايتا سورايمىز.

### پەيغەمبەر ﷺ نىڭ مەدىنىگە ھىجرەت قىلىپ كەلگەندىن كېيىنكى جىھادىي ھەرىكەتلىرى

ئەينى پەيتتە مۇسۇلمانلارنىڭ مەدىنىدىكى مەۋجۇدىيىتىگە ئېغىر تەھدىتلەر كېلىۋاتقان، قۇرەيش دائىرىلىرىنىڭ سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي كۈچى — ئۇلارنىڭ كۆرەڭلىشى ھەمدە تاجاۋۇز قىلىشىغا ئاساسىي سەۋەب بولۇۋاتقان ۋاقىتتا، مۇسۇلمانلارنىڭ قۇرەيشلەر مەككىدىن شامغا قاتنايدىغان تىجارەت يولىنى ئۈزۈپ تاشلىشى ئەڭ ئاقىلانە تەدبىر بولاتتى شۇڭا پەيغەمبەر ﷺ بۇ يوللارنى قامال قىلىش ئۈچۈن مۇنداق ئىككى خىل تەدبىر قوللاندى: بىرى — مۇشۇ يول بويىغا جايلاشقان ۋە مەدىنە بىلەن مۇشۇ يول ئارىلىقىدا ئولتۇراقلاشقان مۇشرىك قەبىلىلەر بىلەن ئىتتىپاقداشلىق كېلىشىمى ياكى ئۆزئارا تاجاۋۇز قىلىشماسلىق ئەھدىنامىسى ئورناتتى.

(الله خالىسا داۋامى كېلەركى ساندا)



# تۈركىي مىللەتلەر ۋە ئۇلارنىڭ جۇغراپىيىلىك تەقسىماتى

ئىبراھىم مەنسۇر

### «تۈرك» سۆزىنىڭ كېلىپ چىقىش تارىخى ۋە سۆز مەنىسى

تۈركلەرنىڭ قەدىمىي ماكانى بولغان ئالتاي تېغىدا بۇرۇندىن تارتىپ ياشاپ كېلىۋاتقان بىر تۈركۈم تۈرك قەبىلىلىرى بار ئىدى، بۇلار مانجۇلارنىڭ ئەجدادى بولغان جۇجانلار 402- يىلى قۇرغان، شەرقتە قىڭغىرخان تاغلىرىدىن غەربتە تاكى كاسپى دېڭىزىغىچە ھۆكۈم سۈرگەن جۇجان خانلىقىغا بويسۇنۇپ ياشايتتى. بۇ تۈرك قەبىلىلىرى 552- يىلى جۇجان خانلىقىنى ئاغدۇرۇپ خانلىق قۇردى ۋە ئۆزلىرىنى «كۆك تۈرك» دەپ ئاتاشتى. مانا شۇنىڭدىن باشلاپ تىلى ۋە زېمىنى بىر - بىرىگە يېقىن بولغان ناھايىتى كۆپلىگەن قەبىلە - ئۇرۇقلار «تۈرك» دەپ ئاتىلىشقا باشلىدى. بۇنداق ئاتىلىش تاكى ھازىرغىچە داۋاملىشىپ كەلمەكتە. بەزى ئالىملار «كۆك تۈرك» دېگەن بۇ سۆزنى قەدىمقى تۈرك تىلىدىكى كۆك (يەنى ئاسمان) ۋە تۈرك (يەنى ئۆيگە ئىشلىتىدىغان تۈۋرۈك) دېگەن ئىككى سۆزدىن تۈزۈلگەن، ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۆزگىرىپ كەتكەن، ئومۇمىي مەنىسى «ئاسماننىڭ تۈۋرۈكى» دېگەنلىك بولىدۇ دەپ قارايدۇ.

يەنە ئەسكەرتىپ قويىدىغان بىر نۇقتا شۇكى، تۈرك خەلقلىرىنىڭ تىلىدا ئاددىي خەلق ئۆزىنى «مەن قارا تۈرك» دەپ ئۆزىنىڭ بىلىمسىزلىكىنى ئىپادىلەيدىغانغا بۇ سۆزنى ئىشلەتكەن بولسا، ئىسلام دىنىغا كىرگەندىن كېيىن ئەرەب ۋە فارس خەلقلىرىنىڭ ۋاستىسى بىلەن دىننى قوبۇل قىلغان تۈرك خەلقلىرى دىنىي ساھەدە بىلىمسىزلىكىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن «مەن تۈرك» دېگەن سۆزنى ئىشلەتكەن. مۇئەييەن تارىخىي شارائىت ئاستىدا كېلىپ چىققان بۇ سۆز ئادەتلىرى ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئاستا - ئاستا مۇقىملىشىپ كەتكەن.

### ھازىرقى ۋاقىتتىكى تۈركلەر ياشاۋاتقان زېمىنلار

1. شەرقىي تۈركىستان — بۇ زېمىن ھازىر خىتايلارنىڭ قولىدا بولۇپ، شىنجاڭ (يەنى يېڭى چېگرا) نى مەركەز قىلغان ھالدا، چىڭخەي (يەنى كۆكنۇر)، گەنسۇ (يەنى كەڭسۇ) قاتارلىق ئۆلكىلەرگە تەقسىم قىلىۋېتىلگەن.

2. غەربىي تۈركىستان — بۇ زېمىن ھازىر مۇستەقىل غەربچە تۈزۈمدىكى بەش جۇمھۇرىيەتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇلار: قازاقىستان، قىرغىزىستان، تاجىكىستان، ئۆزبېكىستان ۋە تۈركمەنىستاندۇر.

3. شىمالىي تۈركىستان — بۇ زېمىن ھازىر رۇسىيەنىڭ قولىدىكى يېرىم مۇستەقىل غەربچە تۈزۈمدىكى ئون ئاپتونوم جۇمھۇرىيەتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇلار ياقۇتىستان، ئالتاي، خاكاسىيە، تۇۋا، تاتارىستان، باشقىرتىستان، چۇۋاشىيە، داغىستان، قاراچاي - چېركەس، كاباردىن - بۇلغار قاتارلىقلار.

4. جەنۇبىي تۈركىستان — بۇ زېمىندا ھازىر بىر دۆلەت ئىككى رايون بار. ئۇلار مۇستەقىل غەربچە تۈزۈمدىكى ئەزەربەيجان جۇمھۇرىيىتى، رادىكال شىئەلەر قولىدىكى ئىران تۈركىستانى ۋە ئافغانىستان تەۋەلىكىدىكى تۈركىستان رايونىدىن ئىبارەت.

5. ئوسمانىيە تۈركلىرى — ئۇلار غەربچە تۈزۈمدىكى ئىككى مۇستەقىل جۇمھۇرىيەتنى، غەربچە تۈزۈمدىكى بىر ئاپتونومىيە جۇمھۇرىيەتنى ۋە غەربچە تۈزۈمدىكى بىر ئاپتونوم ئوبلاستنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇلار: تۈركىيە جۇمھۇرىيىتى ۋە قىبرىس جۇمھۇرىيىتى، يېقىندا ئۇكرائىنا قولىدىن رۇسىيە تارتىۋالغان يېرىم مۇستەقىل قىرىم ئاپتونوم جۇمھۇرىيىتى، مولداۋىيە قولىدىكى گاگاۋۇز (يەنى كۆك ئوغۇز) ئاپتونوم ئوبلاستىدىن ئىبارەت.

### نوپۇسى بىر قەدەر كۆپ بولغان تۈركىي خەلقلەر

تۈركىي خەلقلەر 36 مىللەتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان بولۇپ، ئۇلاردىن مەشھۇرلىرى تۆۋەندىكىچە:

1. ئۇيغۇرلار — ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ. 1998- يىلىدىكى سانلىق مەلۇماتقا ئاساسلانغاندا، ئۇلارنىڭ ئومۇمىي نوپۇسى تەخمىنەن 30 مىليون.

2. تۈركىيە تۈركلىرى — ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ. ئومۇمىي نوپۇسى تەخمىنەن 60 مىليون دەپ ئېلان قىلىنغان. ئەمەلىيەتتە تۈركىيە تۈركلىرىنىڭ ئومۇمىي نوپۇسى خېلىلا كۆپ بولۇپ، ياۋروپا ئىتتىپاقىغا كىرىشتىن ئىبارەت خەلقئارا سىياسەت سەۋەبلىك تۈركىيە جۇمھۇرىيىتى ئۆز نوپۇسىنى ئاز ئېلان قىلغان دەپ قارىلىدۇ.

3. ئەزەربەيجانلار — زور كۆپچىلىكى شىئە مەزھىپىگە ئېتىقاد قىلىدۇ. ئومۇمىي نوپۇسى تەخمىنەن 30 مىليون دەپ ئېلان قىلىنغان (زور كۆپچىلىكى ئىراندا ياشايدۇ).

4. ئۆزبېكلەر — ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ. ئومۇمىي نوپۇسى تەخمىنەن 30 مىليون.

5. تاتارلار — ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ. ئومۇمىي نوپۇسى تەخمىنەن 9 مىليون دەپ ئېلان قىلىنغان. ئەمەلىيەتتە رۇسىيە نوپۇسىنىڭ تەخمىنەن 30% ىدىن كۆپرەكىنى مىتىس تاتارلار تەشكىل قىلىدۇ. تۈركىيىگە كۆچۈپ بارغان تاتارلارنىڭ زور كۆپچىلىكى تۈركلىشىپ كەتكەن.

6. قازاقلار — ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ. ئومۇمىي نوپۇسى تەخمىنەن 14 مىليون دەپ ئېلان قىلىنغان.

7. تۈركمەنلەر — ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ. ئومۇمىي نوپۇسى تەخمىنەن 8 مىليون دەپ ئېلان قىلىنغان.

8. باشقىرتلار — ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ. ئومۇمىي نوپۇسى تەخمىنەن 2 مىليون دەپ ئېلان قىلىنغان.

9. چۇۋاشلار — خرىستىئان دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ. ئومۇمىي نوپۇسى تەخمىنەن 1.5 مىليون دەپ ئېلان قىلىنغان.

10. قىرغىزلار — ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ. ئومۇمىي نوپۇسى تەخمىنەن 4.1 مىليون دەپ ئېلان قىلىنغان.

11. ياقۇتلار — زور كۆپچىلىكى خرىستىئان دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ. ئومۇمىي نوپۇسى 500 مىڭ دەپ ئېلان قىلىنغان.

12. سېرىق ئۇيغۇرلار — لاما دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ. ئومۇمىي نوپۇسى تەخمىنەن 1 مىليون 500 مىڭ دەپ ئېلان قىلىنغان.

13. ئالتايلار، خاكاسلار، تۇۋالار — زور كۆپچىلىكى خرىستىئان ۋە بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ. ئومۇمىي نوپۇسى تەخمىنەن 450 مىڭ دەپ ئېلان قىلىنغان.

14. قۇمۇقلار — ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ. ئومۇمىي نوپۇسى تەخمىنەن 680 مىڭ دەپ ئېلان قىلىنغان.

15. سالالار — ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ. ئومۇمىي نوپۇسى تەخمىنەن 400 مىڭ دەپ ئېلان قىلىنغان.

16. قارا قالپاقلار — ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ. ئومۇمىي نوپۇسى تەخمىنەن 600 مىڭ دەپ ئېلان قىلىنغان.

17. نوغايلار — ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ. ئومۇمىي نوپۇسى تەخمىنەن 350 مىڭ دەپ ئېلان قىلىنغان.

18. گاگاۋۇزلار — خرىستىئان دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ. ئومۇمىي نوپۇسى تەخمىنەن 350 مىڭ دەپ ئېلان قىلىنغان.

19. قاراچايلار — ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ. ئومۇمىي نوپۇسى تەخمىنەن 350 مىڭ دەپ ئېلان قىلىنغان.

20. بۇلغارلار — ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ. ئومۇمىي نوپۇسى تەخمىنەن 150 مىڭ دەپ ئېلان قىلىنغان.

* ئىزاھات: مىللەت سانى ھەققىدىكى كۆپىنچە سانلىق مەلۇمات 2014- يىلى قازاقىستاندا نەشر قىلىنغان «تۈرك دۇنياسى» ناملىق كىتابتىن ئېلىندى.

# «ئىسلام ئاۋازى گېزىتى»گە تەبرىك

## بىلال

**الحمد لله رب العالمين والصلاة والسلام على نبينا محمد وعلى آله وصحبه أجمعين!**

تۇغۇلۇشىمىزدىن مەلئۇن ئىسلام دۈشمەنلىرىنىڭ قاتمۇقات ۋەھشىي زۇلۇملىرى ئاستىدا ئىززەت، ئەركىنلىك، قۇۋۋەت، مېھىر - مۇھەببەت، ئادىللىق، ئىمانىي سۆيگۈ ۋە ئىسلامىي قېرىنداشلىقنىڭ خۇشبۇيي ھىدلىرىدىن مەھرۇم قالغاندىن كېيىن؛ ئىمانىمىز، ئەقلىمىز، پىكرىمىز ۋە ۋۇجۇدىمىز بۇلغانغان شۇ خار ھاياتتىن قۇتۇلدۇرغان شۇنداقلا ھەقىقىي بەخت ۋە ئادالەت ھىدلىرىغا پۈركەنگەن ئىسلامىي مۇھىتقا ئىنتىلىپ باسقان قەدىمىمىز ھەمدە چەككەن ئازغىنە جاپا - مۇشەققەتلىرىمىز بەدىلىگە بىھېساب ئىززەت، قۇۋۋەت ۋە ھالال رىزىق ئاتا قىلغان مېھرىبان رەببىمىزگە چەكسىز ھەمدۇ - سانالار بولسۇن!

مانا بۈگۈن پىداكارلىق ۋە ئىمانىي ساداقەت بۇلدۇقلاپ تۇرغان، ھەممە ياقتا «(رەببىمىز!) ساڭىلا ئىبادەت قىلىمىز ۋە سەندىنلا ياردەم تىلەيمىز» ساداسى جانلىق ۋە كۈچلۈك نامايەندە بولۇۋاتقان ۋاقىتتا، مۇكەممەل ئىسلامىي شەرىئەت ۋە مەردانە لەپىلدەۋاتقان تەۋھىد بايرىقىنىڭ سايىسى ئاستىدا تولىمۇ يېقىملىق، بۈيۈك ۋە ھەر قەلبكە قۇۋۋەت بېغىشلايدىغان «الله أكبر!» شۇئارىنى ياڭرىتىپ، بىر نىيەت بىر مەقسەتتە جەننەت تەرەپكە ئالدىرىماقتىمىز. نېئمەت ئۈستىگە نېئمەت، ئىززەت ئۈستىگە ئىززەت، بەخت ئۈستىگە بەخت!

جامائىتىمىزدىكى شېئىر يازغۇچى بىر قېرىندىشىمىزنىڭ تۆۋەندىكى گۈزەل مىسرالىرى دائىم غەمكىن كۆزلىرىمگە شادلىق، روھسىز قەلبىمگە قۇۋۋەت بېغىشلايدۇ:

ئېرىشتۇق نېئمەتكە مۇھاجىرلىقتا،
تەييارلىق، رىبات ۋە مۇجاھىدلىقتا.
يايرىدى يۈرەكلەر بۇ خۇشاللىقتا،
باققاندا ھەر قېتىم تەۋھىد بايراقتا.

الله ئۆز پەزلىدىن بەردى بىزلەرگە،
ھىدايەت، ئىبادەت، گۈزەل تۇرمۇشنى.
پىتنىدىن، شېرىكتىن قۇتقۇزۇپ چىقىپ،
رىبات ھەم جىھادتا سابىت تۇرۇشنى.

نىجىس خىتايلارنىڭ دىنسىزلىق، پاسىقلىق، شەھۋانىيلىق بىلەن توشۇپ كەتكەن كىتاب، گېزىت - ژۇرنال، ناخشا - مۇزىكا ۋە ھەرخىل سەھنە ئەسەرلىرى بىلەن بۇلغانغان ئەقلىم ۋە قەلبىم شىپالىق مەلھەمگە ۋە ساپ بۇلاققا تەشنا بولۇپ تۇرغاندا، جامائىتىمىزنىڭ فىلىم، رادىئو، كىتاب ۋە ئىسلامىي دەۋەتلىرى ۋۇجۇدۇمغا قۇۋۋەت ۋە ئىمانىي لەززەت ئاتا قىلىپ كېلىۋاتاتتى. الله تعالى نىڭ بىز تۈركىستان مۇجاھىدلىرىغا يەنە بىر كاتتا پەزلى - رەھمىتى ۋە ئېھسانى بولغان بۇ «ئىسلام ئاۋازى گېزىتى» ئىززەت بوستانىمىزدىكى مۇجاھىدلىرىمىزنى يەنىمۇ شادلاندۇرۇپ، قەلبلىرىگە كاتتا خۇشاللىق ئاتا قىلدى.

خۇشۇسەن، بۇ خۇشخەۋەر مېنى تولىمۇ ھاياجانلاندۇردى. چۈنكى، خۇددى الله تعالى: ﴿إِنَّ فِي ذَٰلِكَ لَذِكْرَىٰ لِمَن كَانَ لَهُ قَلْبٌ أَوْ أَلْقَى السَّمْعَ وَهُوَ شَهِيدٌ﴾ «بۇنىڭدا (ھەقىقەت ئۈستىدە) پىكىر يۈرگۈزىدىغان قەلبكە ئىگە ئادەم ياكى (ۋەز - نەسىھەتكە) ھۇزۇرىي قەلب بىلەن قۇلاق سالىدىغان ئادەم ئۈچۈن ئەلۋەتتە ۋەز - نەسىھەت بار» (سۈرە قاف 37- ئايەت) دەپ ئېيتقىنىدەك، جامائىتىمىز ئەزىزلىرى يەنە بىر كاتتا نېئمەت، ئىلىم بوستانى، ئىمان بۇلىقى ۋە قەلب ئوزۇقىغا ئېرىشكەن ئىدى.

ھاياجان ئىلكىدىكى قەلبىم ئىختىيارسىز قولۇمغا قەلەم ئېلىپ، قەلبىمدىكى قۇرلارنى بۇ قەغەز يۈزىگە تۆكۈشكە ئۈندىدى:

سۆيۈنۈپ شاتلاندى قەلبىم، قىلىپ ئېھسان
ئۇلۇغ رەببىم،
گېزىت چىققاچ ئۈمىد قىلدىم ئاسان بولسا
چىگىش - مۇشكۈل.
تولۇپ ھېكمەتكە ھەربىر قۇر ئىلىمنىڭ
تىلىدا سۆزلەپ،
ھىدايەت نۇرلىرىن كۆرگەچ كۆلۈپ كەتسە
خەلق پۈتكۈل.

پۈتۈن دۇنيا كاپىرلىرىنىڭ ئىسلامنىڭ يىلتىزىنى چىرىتىپ، ساپ مەنبەنى بۇلغاپ، شۇ ئارقىلىق ئىسلام سېپىنى پارچىلاپ، مۇسۇلمانلارنى ئۆزىگە قۇل قىلىش مەقسىتىدە ھەرخىل تەشۋىقات ۋاسىتىلىرى كېچە - كۈندۈز تىنىمسىز ئىشلەۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە، شۈبھىسىزكى، مۇسۇلمانلارنى ھەقىقىي ساپ ئىسلامغا يېتەكلەپ كۇفرىنىڭ ئەپتى - بەشىرىسىنى ئېچىپ بېرىش، مۇسۇلمانلارنى غەرق بولۇپ كەتكەن ئۇيقۇلىرىدىن ئويغىتىپ بىرلىشىشكە چاقىرىش ھەمدە ئۆتمۈشتىكى سائادەت زامانىسىنى قايتۇرۇپ كېلىشنى ئۆزىنىڭ ئالىي غايىسى قىلغان سۈزۈك ئىسلامىي تەشۋىقاتلارنىڭ كۆپلەپ مەيدانغا چىقىشى ۋە يۈكسىلىشى تولىمۇ زۆرۈر.

الله تعالى مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَحَرِّضِ الْمُؤْمِنِينَ﴾ «مۇئمىنلەرنى (جىھادقا) قىزىقتۇرغىن» (سۈرە نىسا 84- ئايەتنىڭ بىر قىسمى).

رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «مۇشرىكلارغا قارشى جانلىرىڭلار، ماللىرىڭلار ۋە تىللىرىڭلار بىلەن جىھاد قىلىڭلار» (ئەھمەد ۋە ئەبۇ داۋۇد رىۋايىتى، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن).

ئاخىرىدا، الله تعالى دىن مەزكۇر گېزىتىمىزنى چاڭقىغان قەلبلەرگە شەربەت، ئىلىمگە تەشنا يۈرەكلەرگە ئىلىم - ئېرپان خەزىنىسى ھەمدە تېخىمۇ كۆپ كىشىلەرنىڭ ھىدايىتىگە سەۋەبچى قىلىپ بېرىشىنى ۋە مۇجاھىدلىرىمىز ئۈچۈن مەنپەئەتلىك قىلىپ بېرىشىنى سورايمەن.

**وَاللَّهُ غَالِبٌ عَلَىٰ أَمْرِهِ وَلَٰكِنَّ أَكْثَرَ النَّاسِ لَا يَعْلَمُونَ**

# ئائىلىكى رېتسىپلار

## ئىچى سۈرۈش ۋە قەۋزىيەتنى ئائىلىدە داۋالاش

1. باللار ۋە چوڭلاردا قورساق ئاغرىپ ئىچ سۈرۈپ قالسا، قايناقسۇغا مۇۋاپىق مىقداردا شېكەر سېلىپ ئىچىپ بەرسە پايدىسى بولىدۇ.

ئوبدان پىشقان قىزىلگۈلقەنتتىن بىر قوشۇق نانغا سۈۋاپ يەپ بەرسە قورساق ئاغرىپ غولدۇرلىغانغا مەنپەئەت قىلىدۇ.

ئەگەر سەپرادىن ئىچى سۈرۈپ تەرىتى سېرىققا مايىل بولسا، قېتىققا شېكەر ئارىلاشتۇرۇپ ئىچىپ بەرسە مەنپەئەتى بولىدۇ.

ئەگەر ئىچى سۈرۈپ توختىمىسا، تەرەتتە كۆپۈكچىلەر بولسا، قان - يېرىڭ ئارىلاش كەلگەن بولسا، بىر قوشۇق گۈلقەنتكە بۇغداي چوڭلۇقىدا يېشىل تونلۇق موزىنى ئۇپىدەك يۇمشاق ئېزىپ ئارىلاشتۇرۇپ يەپ بەرسە ئۈچەيدىكى ياللۇغنى تۈگىتىدۇ، تەرەتنى قاتۇرۇپ ئۈنۈمى بولىدۇ.

ئانىسىنى ئېمىۋاتقان بوۋاقلاردا كۆرۈلگەن بۇ ئەھۋاللاردا ئانىسىغا يېگۈزۈپ بەرسە سۈت ئارقىلىق بوۋاققا مەنپەئەت قىلىدۇ.

2. قېتىق ئۇيۇتمىسى (قۇرت)نى كۆپرەك يەپ بەرسە، ئىچى سۈرۈپ قالغانلارنىڭ تەرىتىنى قاتۇرىدۇ (إن شاء الله).

# سەبىلەر سەھىپىسى

## تۈنجى روزا

ئەھمەد بىلەن دادىسى چىپ - چىپ تەرلەپ كەتكەن بولۇپ، بازاردىن ئالغان ئىپتارلىق نەرسىلەرنى كۆتۈرۈپ بولالماي ھېرىپ كەتكەن ئىدى. يېڭى سېتىۋالغان نەرسىلەرنى ئۆيگە ئەكىلىپ ئاشخانا ئۆيگە قويغاندىن كېيىن، دادىسى كارىۋاتقا، ئەھمەد يەردىكى گىلەمگە ئۆزىنى ئاتتى. نەرسە - كېرەك سېتىۋېلىش ئۈچۈن ئەتىگەن بارغان بازاردىن پېشىندىن كېيىن ئىشلىرىنى ئاران تۈگىتىپ قايتقان ئىدى. بازاردىكى كۆزنى چاقنىتىدىغان پۈكەيلەردە توخۇ سۈتىدىن باشقا ھەممە نەرسە تېپىلاتتى. ئۈزۈم، ياڭاق، بادام، گۈلە - قاقتىن باشلاپ ماتاڭ، ھەسەل، سېرىق ماي، ھەر خىل پېچىنە - پىرەنىك، تاتلىق تۇرۇملەر، مېۋە - چېۋىلەر، لەڭپۇڭ، راڭپىزىلار... قارىغان كىشىنىڭ ئاغزىغا سېرىق سۇ كەلتۈرەتتى. ئەھمەد ھەممىدىن بەك شاكىلاتلارغا قىزىقتى ۋە ئىپتاردا يېيىش ئۈچۈن بىر نەچچە خىل شاكىلات ئالدى.

ئەھمەدنىڭ ئانىسى بىر قانچە كۈندىن بۇيان رامىزانغا تەييارلىق قىلىشقا باشلىغان ئىدى. كىر - قاتلار يۇيۇلۇپ، ئۆيلەر پاك - پاكىزە تازىلانغان؛ خىلمۇخىل تاتلىق تۇرۇملەر، ھالۋىلار، مۇراببالار، ئۇگرە - چۆپلەر ھازىرلانغان ئىدى. ئەتە باشلىنىدىغان رامىزان ئېيى ئۈچۈن ھەممە نەرسە تەق قىلىپ قويۇلغان ئىدى.

ئەھمەد ئون ياشقا كىرگەن بولۇپ، ئەتە تۈنجى قېتىم روزا تۇتماقچى ئىدى. ئۇ ئىلگىرىكى ۋاقىتلاردا «تەكنە روزىسى» تۇتقان ئىدى. تەكنە روزىسى كىچىك باللارنىڭ روزىسى بولۇپ، ئەتىگەندە سوھۇرلۇق تائام يەپ، چۈشتە يەنە چۈشلۈك تاماق يەپ، ئاندىن كەچتە ئىپتار قىلاتتى. ئەمدى ئەھمەد چوڭ بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇمۇ چوڭلارغا ئوخشاش روزا تۇتماقچى ئىدى. دادىسى ئەھمەدكە:

— ئوغلۇم، بۇ ئاخشام تاراۋىھ نامىزى باشلىنىدۇ. خالىساڭ مەن بىلەن بىللە مەسجىدكە بارغىن ئەمما تاپشۇرۇقلىرىڭنى كەچكىچە ئىشلەپ تۈگىتىشىڭ كېرەك، — دېدى. ئەھمەد:

— ماقۇل، دادا! تاپشۇرۇقلىرىمنى ھازىرلا ئىشلەشكە باشلايمەن، — دەپ جاۋاب بەردى.

كەچلىك تاماقتىن كېيىن ئەھمەد بىلەن دادىسى مەسجىدكە قاراپ ماڭدى. ئانىسى ساندۇقتىن ئېلىپ بەرگەن ئاق تور بۆكنى كىيگەن ئەھمەد ئۆزىنى خېلى چوڭ بولۇپ قالغاندەك ھېس قىلدى. مەسجىدتە نامازدىن ئىلگىرى ئىمامنىڭ تەبلىغىنى ئاڭلىدى. خۇپتەن نامىزىغا ئەزان ئوقۇلغاندىن كېيىن ناماز باشلاندى. ئۇزۇن ئوقۇلىدىغان تاراۋىھ نامىزىنى ئەھمەد زوق - شوخ بىلەن ئوقۇدى. نامازدىن كېيىن ئۆيگە قايتىپ كەلگەن چاغدا ئەھمەدنىڭ ئۇخلاش ۋاقتى ئاللىقاچان كەلگەن ئىدى. ئۇ ئۇخلاش ئۈچۈن ياتقاچ:

— ئانا، مېنى سوھۇرلۇققا چوقۇم ئويغىتىڭ! ئويغانمىسام، يۈزۈمگە سوغۇق سۇ سەپسەڭمۇ بولىدۇ، — دېدى. ئانىسى:

— ئويغىتىمەن، بالام. غەم قىلما! — دەپ ئەھمەدنىڭ يوتقىنىنى يېپىپ قويدى. ئەھمەد بېشىنى ياستۇققا قويۇپلا ئۇيقۇغا كەتتى. كېچىنىڭ ئاخىرقى چاغلىرىدا ئانىسىنىڭ يۇمشاق قوللىرى ئۇنىڭ ئېڭىكىنى سىلاپ:

— ئويغان، چوڭ ئادەم. سوھۇر ۋاقتى ئاز قالدى، — دەۋاتاتتى. چالا ئۇيقۇدا ئورنىدىن تۇرۇپ تاھارەت ئالغىلى ماڭغان ئەھمەد سوغۇق سۇدا يۈزىنى يۇيۇشى بىلەنلا ئۇيقۇسى ئېچىلدى. ئۇ ئانىسى ھازىرلىغان داستىخانغا كېلىپ ئولتۇردى. ئانىسى ئەھمەد ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان تاماق ۋە قاتلىما پىشۇرغان ئىدى. ئەھمەد ئانىسىغا ئەركىلەپ:

— جېنىم ئانا! بۇ تەخسىدىكى قاتلىمىنىڭ ھەممىسىنى يەپ بولالمايمەن، — دەپ ئانىسىغا رەھمەت ئېيتتى. كۈندۈزى قورسىقىم ئېچىپ قالمىسۇن دەپ ئۆزىنى زورلاپ يۈرۈپ كۆپ يېدى. دادىسى:

— ئوغلۇم، سۇ ئىچىشنى ئۇنتۇپ قالما! بىردەمدىن كېيىن بامدات نامىزىغا ئەزان ئوقۇلىدۇ. بۈگۈن ناماز شامغىچە بىرەر نەرسە يەپ ئىچەلمەيدىغانلىقىڭنى بىلىسەنغۇ دەيمەن، — دەپ ئېسىگە سېلىشى بىلەنلا، كۈندۈزى ئۇسساپ قالماي دەپ بىر پىيالە سۇنى ئارتۇق ئىچتى. چىشلىرىنى چوتكىلاپ يۇيۇپ بولغان ئەھمەد ئايۋاندا ئولتۇرۇپ قۇرئان ئوقۇۋاتقان دادىسىنىڭ قىرائىتىنى تىڭشىدى. بامدات نامىزىنى ئوقۇغاندىن كېيىن، چالا قالغان ئۇيقۇسىنى ئۇخلاش ئۈچۈن كارىۋىتىغا بېرىپ ياتتى.

ئەھمەد ئۇيقۇدىن ئويغىنىپ، سۇ ئىچىش ئۈچۈن ئاشخانا ئۆيگە كىرىپ قاچىدىكى سۇنى ئاغزىغا ئەكېلىشى بىلەنلا روزا تۇتقانلىقى يادىغا كەلدى. سائەتكە قارىدى. سائەت ئون بولغان ئىدى. ئەھمەد: «ئىپتارغىچە سۇ ئىچمەي قانداقمۇ چىدىيالايمەن؟ روزامنى بۇزايمۇ - يا» دەپ ئويلىدى-يۇ، دەرھال بۇ خىيالدىن ۋاز كەچتى. ئىچىدە بىر ئاۋاز: «سەن ئەمدى چوڭ بولدۇڭ. روزاڭنى بۇزما!» دەۋاتقاندەك قىلاتتى. ئەھمەد قەتئىي نىيەتكە كەلدى. قانچىلىك تەس بولسا بولسۇن، الله قا بەرگەن ۋەدىسىگە ئەمەل قىلىشى كېرەك ئىدى. سوھۇر ۋاقتىدا سوھۇرلۇق يەپ، روزىغا نىيەت قىلغانلىق «الله قا ۋەدە قىلغانلىق» دېگەنلىك ئىدى.

ۋاقىت ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن بىرەر ئىش بىلەن مەشغۇل بولماقچى بولدى. بىر ئاز ئويۇنچۇق ئوينىدى ئەمما قورۇغان لەۋلىرى ئۇنى ئىختىيارسىز ئۈستەل ئۈستىدىكى چەينەككە قاراشقا مەجبۇر قىلاتتى. چۈش ۋاقتىغا يېقىن ئۇسسۇزلۇقتا يەنە ئاچلىق كېلىپ قوشۇلدى. كەچكە يېقىن ئاشخانىدا ئىپتارغا تەييارلىق قىلىۋاتقان ئانىسىنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇردى. ئۈستەلنىڭ يېنىدىكى ئورۇندۇقتا سولىشىپ ئولتۇرغانلىقىنى كۆرگەن ئانىسى ئەھمەدكە:

— نېمە بولدى، بالام؟ روزا سېنى ھالىڭدىن كەتكۈزدىمۇ نېمە؟ — دەپ چاقچاق قىلدى. ئەھمەد:

— ئانا، قەپەزدە سۇ ئىچكەن قۇشقاچمۇ مېنىڭ ھەۋىسىمنى كەلتۈردى. ئىلگىرى سەن قولۇڭدا تەخسە بىلەن قوشۇق كۆتۈرۈپ، ئارقامدىن قوغلاپ ماڭا يېگۈزىدىغان ئاشۇ تاماقلار بولغان بولسا، ھازىر ئىشتىھا بىلەن يېگەن بولاتتىم، — دېدى. ئانىسى:

— ماڭا قارا، ئوغلۇم! بىر كۈنلۈك روزا ساڭا جىق ئىش ئۆگىتىپتۇ. يېگۈدەك نېنى يوق يوقسۇللارنىڭ ئەھۋالىنى، بىر چىشلەم نان بىلەن بىر يۇتۇم سۇنىڭ قانچىلىك قىممەتلىك ئىكەنلىكىنى، پۈتكۈل نېئمەتلەرنى بەرگەن رەببىمىزنىڭ قانچىلىك مېھرىبان ئىكەنلىكىنى ھېس قىلغانسەن. كەل! ماڭا ياردەملىشىپ، داستىخانغا ماۋۇ تاماقلارنى تىزىشىپ بەر. داداڭ كەلگۈچە تاماقلارنى قويۇپ تەق بولۇپ تۇرايلى، — دېدى.

ئەھمەد تۆنۈگۈنگىچە قاراپمۇ قويمىغان تاماق قاچىلىرىنى خۇددى قىممەتلىك بىر خەزىنىنى كۆتۈرگەنگە ئوخشاش ئاۋايلاپ كۆتۈرۈپ، داستىخانغا قويدى. ئىپتار ۋاقتى يېقىنلاشقاندا ئائىلە ئەزالىرىنىڭ ھەممىسى بىر داستىخانغا جەم بولۇپ، ناماز شامغا ئوقۇلىدىغان ئەزاننى ساقلاپ ئولتۇردى. دادىسى كۈلۈمسىرەپ:

— ئاپىرىن ئەھمەد! تۈنجى روزىنى ساق تۈتتۈڭ، تۇتقان روزاڭنى الله قوبۇل قىلسۇن، — دەپ بېشىنى يېنىك سىلاپ قويدى. ھەمدە الله تعالى نىڭ بەرگەن نېئمەتلىرىگە شۈكۈر قىلىش ۋە كەمبەغەل-يوقسۇللارنىڭ ھالىغا يېتىش توغرىسىدا نەسىھەت قىلدى. تۆنۈگۈن ئىختىيارى يەپ - ئىچكەن نازۇ - نېئمەتلەر مانا قولىنى ئۇزاتسا يەتكۈدەك يەردە، داستىخاندا يېقىن ئىدى. بىر كىم ئەھمەدنى يېيىشتىن توسمىسىمۇ، قورسىقى ئېچىپ داپ چېلىپ تۇرسىمۇ ئەمما ياراتقۇچىمىزدىن كېلىدىغان ئىجازەتنى كۈتۈپ تىنچ ئولتۇراتتى.

كۈتكەن چاغنىڭ كەلگەنلىكى — مەسجىدنىڭ مۇنارىدا يانغان چىراق ۋە ئەزان ئاۋازى ئارقىلىق پۈتۈن شەھەرگە بىلدۈرۈلدى. تۈنجى روزىسىنى ئاچقان ئەھمەد ناھايىتى خۇشال ئىدى چۈنكى ئۇ تەس بىر سىناقتىن ئۆتكەنلىكى ۋە الله قا بەرگەن ۋەدىسىگە ئەمەل قىلالىغانلىقىنىڭ خۇشاللىقى ئىچىدە ئىدى.



## دەسلەپكى تېببىي ياردەم بىلىملىرى

بۇ بىلىملەر ھاياتى خەۋپ ئىچىدە قالغان ياردار كىشىنى دوختۇرلۇق ئىلمى بولمىغان كىشىنىڭ قانداق قىلىپ دەسلەپكى خەۋپتىن قۇتۇلدۇرۇش ياكى بىر قىسىم جىددىي تەدبىرلەرنى قوللىنىپ ناچار ھالەتنى كونترول قىلىپ، خەۋپتىن قۇتۇلدۇرۇش ئىمكانىيىتى بار يەرگە يەتكۈزۈشكە تەييارلاشنى مەقسەت قىلىدۇ.

### 1. قان توختىتىش ۋە نەپەسلىنىشنى نورماللاشتۇرۇش

ئىنساننىڭ بەدەن پۈتۈنلۈكى بۇزۇلغان ھامان دەرھال قان كېتىش سادىر بولىدۇ. بۇنىڭغا ئەگىشىپ بەزى ۋاقىتتا نەپەس ئورگانلىرىنىڭ يارىلىنىشى، نەپەس يوللىرىنىڭ ئېتىلىپ قېلىشى، پۈتۈن ياكى يېرىم نېرۋا سىستېمىسىنىڭ زىيانغا ئۇچرىشى ياكى ھۇشسىزلىق سەۋەبىدىن نەپەس ئايلىنىشىنىڭ نورمالسىزلىقى يۈز بېرىدۇ.

بۇ خىل ئەھۋالدا بىز



قان كېتىش بىلەن نەپەس ئايلىنىشىنىڭ نورمالسىزلىقىنىڭ قايسىسىنىڭ خەترى ئەڭ چوڭ بولسا ياردەم كۆرسىتىشنى ئاۋۋال شۇنىڭدىن باشلايمىز. ئەگەر ھەر ئىككى خىل ئەھۋال تەڭلا خەتەرلىك بولسا ياردەم كۆرسىتىشنى ئىككى نۇقتىدىن بىرلا ۋاقىتتا باشلايمىز.

### قان كېتىش ھەققىدە ئومۇمىي چۈشەنچە

قان كېتىش — تومۇرنىڭ يىرتىلىشى، يېرىلىشى، كېسىلىشى سەۋەبىدىن ياكى قان تۈگۈنەكلىرىنىڭ بۇزۇلۇشى سەۋەبىدىن مەيدانغا چىقىدۇ.

ئىنساننىڭ يارىلىنىش سەۋەبىدىن مەيدانغا كېلىدىغان قان كېتىش ئەھۋالى ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ: بىرىنچىسى، تاشقى قان كېتىش؛ ئىككىنچىسى، ئىچكى قان كېتىش.

تاشقى قان كېتىشنىڭ بەلگىسى — بەدەن سىرتىغا قاننىڭ ئېقىپ چىقىشىدۇر.

ئىچكى قان كېتىشنىڭ بەلگىسى — تېرە ۋە شىللىق قەۋەتلەرنىڭ ئاقىرىشى، كەم قۇۋۋەتلىك ۋە زىيادە چارچاش، قان بېسىمىنىڭ پەسلەپ يۈرەك ۋە نەپەسلىنىشنىڭ تېزلىشىشى، قىزىل قان دانچىلىرىنىڭ[1] رەڭ كۆرسەتكۈچىنىڭ ئازىيىشى، گېموگلابىنىنىڭ[2] ئازىيىپ كېتىشى بولۇپ، بۇ خىل ھالەتتە قان بەدەن ئىچىگە ئېقىپ چىقىۋاتقان بولىدۇ. بۇ بەزى ۋاقىتتا بەدەن سىرتىدىكى يارا ئېغىزى بار ھالەتتە، بەزى ۋاقىتتا يارا ئېغىزى يوق ھالەتتە يۈز بېرىشى مۇمكىن. بەزى ياردارلارنىڭ ھالىتىدە ئىچكى - تاشقى قان كېتىش بىرلا ۋاقىتتا كۆرۈلۈشى مۇمكىن.

نورمال ھالەتتە يېتىلگەن ئىنسان بەدىنىدە ئايلىنىۋاتقان ھەرىكەتتىكى قان 4 ~ 5 لىتىر ئەتراپىدا بولىدۇ. زىيادە قان يوقىتىش شەھىد بولۇشقا ئېلىپ بارىدىغان ئەڭ چوڭ ئامىل ھېسابلىنىدۇ. تۆۋەندىكى جەدۋەلدە 10% دىن 40% گىچە قان يوقىتىشنىڭ ئالامەت ۋە نەتىجىلىرى كۆرسىتىلگەن.

ئادەمنىڭ قان يوقىتىش جەريانىدا




| | 10% قان يوقاتسا | 20% قان يوقاتسا | 30% قان يوقاتسا | 40% قان يوقاتسا |
|---|---|---|---|---|
| ئەس - ھوشى | نورمال | ئۆرە تۇرسا بېشى قايىدۇ | ئەس - ھوشى تۆۋەنلەيدۇ؛ ئەنسىز، تىت - تىت بولىدۇ | ھۇشسىز |
| تېرە | نورمال | تاتىرىدۇ | تاتىرىدۇ، سوغۇق، نەم، كالپۇك كۆكىرىدۇ | ئېغىر دەرىجىدە تاتىرىدۇ |
| تومۇر سوقۇش | نورمال | زەئىپلىشىدۇ | تېز، تۇتۇش تەس | تۇتقىلى بولمايدۇ |
| نەپەسلىنىش | نورمال | زەئىپلىشىدۇ | تېز | چوڭقۇر، زەئىپ (سەكرات نەپىسى) |

**الله سبحانه وتعالى** نىڭ قاتتىق چوڭ كارامىتى بار. ئادەم كۆپرەك قان يوقىتىشنى باشلىغان ھامان ئادەم بەدىنى قان ئايلىنىش سىستېمىسى تەبىئىيلا 3- دەرىجىلىك ئەزالارغا قان يەتكۈزۈشنى ئازلىتىدۇ. قان كېتىش كونترول قىلىنماي داۋاملاشسا ھەتتا قان يەتكۈزۈشنى ئاساسەن توختىتىدۇ. ھالەت يەنە داۋاملاشسا 2- دەرىجىلىك ئەزالارغا قان يەتكۈزۈشنى ئازلىتىدۇ. ھالەت يەنە داۋاملاشسا قان بىلەن تەمىنلەش مېڭە، يۈرەك، ئۆپكە قاتارلىق بىرىنچى دەرىجىلىك ئەزالارغا مەركەزلىشىدۇ.

يۇقىرىقى باياندىن كۆرۈنۈپ تۇرىدۇكى، **الله سبحانه وتعالى** ئىنسانلارنى ياردارلارغا ياردەم كۆرسىتىش ئۈچۈن ناھايىتى مۇھىم پۇرسەتلەر بىلەن نېئمەتلەندۈرگەن.

(الله خالىسا داۋامى كېلەركى ساندا)

ئىزاھات: ① قىزىل قان دانچىلىرى — قان دانچىسىنىڭ بىر خىلى بولۇپ، يۇمىلاق ھالەتتىكى ھۈجەيرە، رەڭگى قىزىل، يادروسىز. تەركىبىدە گېموگلابىن بولۇپ، قىزىل ئىلىكتە شەكىللىنىدۇ. ئادەتتە ئۇ ئوكسىگېننى ھەر قايسى توقۇلمىلارغا يەتكۈزىدۇ ۋە كاربون IV ئوكسىدنى ئۆپكە پۈۋەكچىسىگە ئېلىپ كىرىدۇ. قاننى شەكىللەندۈرگۈچى ئەڭ مۇھىم تەركىب. ئۇ نورمال ئادەمدە 10 ئۆلچەمدە بولىدۇ.

② گېموگلابىن — قان تەركىۋىدىكى تۆمۈر بىلەن ئاقسىلدىن تۈزۈلگەن بىرىكمە. قاننىڭ قىزىل بولۇشى ئۇنىڭ بىلەن مۇناسىۋەتلىك. قان سۈيۈقلۇقى ئۇنىڭ ياردىمى بىلەن ئوكسىگېننى ئېلىپ، كاربون IV ئوكسىدنى چىقىرىپ تاشلايدۇ.

# گېزىتكە تەبرىك

### ئەبۇ ئابدۇلئەزىز

زېمىننى قاپلىدى باتىل شۇئارلار،
زۇلمەتنى پەردازلار گويا كۈندۈزدەك.
ھەق نېمە، باتىلچۇ؟ ئايرىماق قېيىن،
ئېتەكلەر ياقىدۇر، ياقىلار ئېتەك.

باتىللار سالسىمۇ ھەرقانچە چۇقان،
ھەقىقەت قويىدۇ بىر كۈنى داغدا.
ۋە لېكىن بىر مۇددەت ئالىدۇ مەيدان،
مايمۇن شاھ بولغاندەك يولۋاس يوق تاغدا.

ھەقنى چىڭ جاكارلاپ ئەھلى جاھانغا،
باتىلنى مات قىلدى «ئىسلام ئاۋازى».
رادىئو - فىلىملەر ھەمدە مەتبۇئات،
ياڭرىدى ھەر جايدا ھەقنىڭ ساداسى.

گېزىتمۇ قوشۇلدى بۈگۈن بۇ سەپكە،
دىن ئۈچۈن خىزمەتكە ئاتاپ ئۆزىنى.
قولمۇقول تۇتۇشۇپ بارچە تەشۋىقات،
يەتكۈزەر ئالەمگە راھمان سۆزىنى.

گېزىتكە تەبرىكلەر بولسۇن ئۈممەتتىن،
كۆتۈرگەچ قولىدا ئىسلامىي بايراق.
ئۈممەدكى زۇلمەتلىك قارا كېچىدە،
ھەق بىلەن كۈچلىنىپ بولسۇن نۇر-چىراق.

تەشۋىقات، گېزىتنى چاغلىماڭ كىچىك،
جىھادنىڭ ۋاستىسى بۇلارمۇ ئەسلى.
دېڭىزغا نە ھاجەت، تۇرسا كۆرۈنۈپ،
بىر تامچە سۇدىمۇ قۇياشنىڭ ئەكسى.

كىچىكتىن چوڭىيىپ ئۆسەر ھەر نەرسە،
ھەق شۇنداق ياراتقان بۇ تەبىئەتنى.
تامچە تۇز قىلىدۇ داستىكى سۇنى
تۇز تەملىك، ئويلىنىڭ بۇ ھەقىقەتنى.

تىلەيمىز گېزىتكە كۈچ ۋە بەرىكەت،
يەتكۈزگىن ھەق سۆزنى ئەھلى جاھانغا.
الله نىڭ نامىدا باشلىغىن ھەركەت،
قالمىسۇن نىيەتتە ئورۇن شەيتانغا.

### ئەسكەرتىش

قېرىنداشلىرىمىزنىڭ گېزىت، رادىئو ۋە ژۇرناللىرىمىزنى ماقالە، شېئىر، سەرگۈزەشتە، تارىخ، ئەسكىرىي تەلىم، جەڭ مەيدانىدىكى ئاجايىباتلار، تېببىي مەلۇماتلار... قاتارلىق ھەرخىل ژانىردىكى ئەسەرلەر بىلەن تەمىنلىشىنى سەمىمىي ئىلتىماس قىلىمىز.

بۇ گېزىتنى تارقىتىشقا ياردەملەشكەن، كۈچ چىقارغان ۋە قوللاپ - قۇۋۋەتلىگەن بارلىق قېرىنداشلىرىمىزغا **الله تعالى** نىڭ مەغپىرىتى، رەھمىتى ۋە بەرىكىتى بولسۇن! سالىھ دۇئالىرىڭلاردا مۇجاھىد قېرىنداشلىرىڭلارنى ئۇنۇتمىغايسىلەر!

**والسلام عليكم ورحمة الله وبركاته**




■ 5- ئاينىڭ 30- كۈنى بەششار ئەسەد ئارمىيىسى جەبەل ئەكراد رايونىدىكى مۇجاھىد قېرىنداشلىرىمىز رىباتتا تۇرۇۋاتقان تەلھەددادا دېگەن جايغا ئىلگىرىلەشكە ئۇرۇنغان. الله نىڭ مۇجاھىد قېرىنداشلىرىمىزنى سابىت قىلىشى بىلەن بۇ تاغۇت قوشۇنلىرى خار ھالەتتە چېكىنگەن، نەتىجىدە 10 نەچچە نەپەر تاغۇت ئەسكىرى ئۆلگەن ۋە 20 نەچچىسى يارىلانغان.

■ 6- ئاينىڭ 1- كۈنى كەچتە جەبھەتۇننۇسرا جامائىتى مۇجاھىدلىرى سۇرىيەنىڭ غەربىي غۇتا رايونى مەقرۇسا يېزىسىدىكى بىر ئەسكىرىي ئورۇنغا ئىنغىماس ئەمەلىيىتى ئېلىپ بارغان، نەتىجىدە 4 نەپەر تاغۇت ئەسكىرى جەھەننەمگە ئۇزىغان ۋە قالغانلىرى يارىلانغان. مۇجاھىد قېرىنداشلىرىمىز بولسا بۇ ئەمەلىيەتتىن كېيىن ساق - سالامەت چېكىنىپ چىققان.

■ 6- ئاينىڭ 1- كۈنى بەششار ئەسەد ئارمىيىسى سۇرىيىنىڭ ھاما ۋىلايىتىدە مۇجاھىد قېرىنداشلىرىمىز كونتروللىقىدىكى خوربەتۇلجامى يېزىسىغا ئىلگىرىلەشكە ئۇرۇنغان. الله نىڭ مۇجاھىد قېرىنداشلىرىمىزنى سابىت قىلىشى بىلەن بۇ تاغۇت قوشۇنلىرى چېكىنىپ كۆپلىرى ئۆلگەن ۋە يارىلانغان.

■ 6- ئاينىڭ 5- كۈنى مۇجاھىد قېرىنداشلىرىمىز سۇرىيەنىڭ ھەلەب ۋىلايىتى خالىسە يېزىسىدا رۇسىيەنىڭ SU-24 تىپلىق بىر دانە كۈرەشچى ئايروپىلانىنى ئېتىپ چۈشۈرۈۋەتكەن.

■ 6- ئاينىڭ 9- كۈنى تاغۇت قوشۇنلىرى سۇرىيىنىڭ ھەلەب ۋىلايىتىدىكى ھۇمەيىيرا يېزىسىغا ئىلگىرىلەشكە ئۇرۇنغان. الله نىڭ مۇجاھىد قېرىنداشلىرىمىزنى سابىت قىلىشى بىلەن بۇ شەيتان قوشۇنلىرى خار ھالەتتە چېكىنگەن، نەتىجىدە بىر دانە ئەسكەر توشۇغۇچى BMP ۋە 2 دانە تانكا ۋەيران بولغان، 25 نەپەر شىئە كاپىرلىرى جەھەننەمگە ئۇزىغان.

■ 6- ئاينىڭ 9- كۈنى شىئە كاپىرلىرى سۇرىيىنىڭ جەنۇبىي ھەلەب رايونىدىكى مۇجاھىد قېرىنداشلىرىمىز رىباتتا تۇرۇۋاتقان ئورۇنلارغا ئىلگىرىلەپ كەلگەن. الله نىڭ ياردىمى بىلەن شىئە كاپىرلىرى مۇجاھىد قېرىنداشلىرىمىز تەرىپىدىن چېكىندۈرۈلگەن. ئارقىدىن مۇجاھىد قېرىنداشلىرىمىز قايتۇرما زەربە بېرىپ كاپىرلار كونتروللۇقىدىكى قاراسىي يېزىسىنى فەتھ قىلغان. مۇجاھىد قېرىنداشلىرىمىزنىڭ بۇ ھۇجۇمىدا 70 تىن ئارتۇق شىئە كاپىرلىرى ئۆلتۈرۈلگەن، نۇرغۇنلىرى يارىلانغان. 10 نەچچىسى ئەسىر ئېلىنغان.

# ئەرەب تىلى ئۆگىنىمەن

| سۆزلۈكلەر / كىشىلىك ئالماش | | جۈملىلەر | |
|---|---|---|---|
| أَنَا | مەن (ئەر-ئايالغا ئورتاق) | أَنَا مُجَاهِدٌ | مەن مۇجاھىد |
| أَنْتَ | سەن (ئەرلىك) | مَنْ أَنْتَ؟ | سەن كىم؟ |
| أَنْتِ | سىز (ئاياللىق) | أَنْتِ بِنْتِيْ | سىز مېنىڭ قىزىم |
| هُوَ | ئۇ (ئەرلىك) | هُوَ رَجُلٌ طَيِّبٌ | ئۇ ياخشى ئادەم |
| هِيَ | ئۇ (ئاياللىق) | هِيَ أُمِّيْ | ئۇ مېنىڭ ئانام |
| نَحْنُ | بىز (ئەر-ئايالغا) | نَحْنُ مُهَاجِرُونْ | بىز مۇھاجىرلار |
| أَنْتُمَا | سىلەر ئىككىڭلار (ئەر-ئايالغا ئورتاق) | مِنْ أَيْنَ أَنْتُمَا؟ | سىلەر ئىككىڭلار قەيەردىن؟ |
| أَنْتُمْ | سىلەر (كۆپ ئەرلەرگە) | مَنْ أَنْتُمْ؟ | سىلەر كىم؟ |
| أَنْتُنَّ | سىلەر (كۆپ ئاياللارغا) | أَنْتُنَّ أَخَوَاتٌ مُؤْمِنَاتٌ | سىلەر مۆئمىن ھەمشىرىلەر |
| هُمَا | ئۇلار ئىككىسى (ئەر-ئايالغا ئورتاق) | هُمَا طَالِبَانِ | ئۇلار ئوقۇغۇچىلار |
| هُمْ | ئۇلار (كۆپ ئەرلەرگە) | هُمْ رِجَالٌ أَبْطَالٌ | ئۇلار باتۇر كىشىلەر |
| هُنَّ | ئۇلار (كۆپ ئاياللارغا) | هُنَّ أُمَّهَاتُنَا | ئۇلار بىزنىڭ ئانىلىرىمىز |

# پەيغەمبەر تېبابىتى بىلۋېلىڭ-ئىلۋېلىڭ

ئابدۇللاھ ئىبنى جەئفەر رضي الله عنه نىڭ ھەدىسىدە پەيغەمبەر ﷺ ھۆل خورما بىلەن تەرخەمەك يەيتتى.

تەرخەمەك — ئىككىنچى دەرىجىلىك ھۆل سوغۇق بولۇپ، ياللۇغلانغان ئاشقازاننىڭ ھارارىتىنى ئۆچۈرىدۇ، ئۇنىڭ بۇزۇلۇشىنى كېچىكتۈرىدۇ؛ دوۋسۇن ئاغرىقىغا مەنپەئەت قىلىدۇ؛ پۇرىقى كۆڭلى ئايىنىغان ئادەمگە مەنپەئەتلىك؛ ئۇرۇقى سۈيدۈكنى راۋان قىلىدۇ؛ ياپرىقىنى ئىت چىشلىۋالغان يەرگە سۇرسە پايدا قىلىدۇ.

ئۇ ئاشقازاندىن تېزلا پەسكە ماڭمايدۇ، ئۇنىڭ سوغۇقى ئاشقازاننىڭ بەزى يەرلىرىگە زىيانلىق.

شۇڭا ئۇنىڭ سوغۇقلۇقى ۋە ھۆللىكىنى قايتۇرىدىغان بىرەر نەرسىنى قوشۇپ يېيىش كېرەك، خۇددى پەيغەمبەر ﷺ تەرخەمەكنى ھۆل خورما بىلەن يېگەندەك. خورما، قۇرۇق ئۈزۈم ياكى ھەسەل بىلەن قوشۇپ يېيىلسە تەڭشىلىدۇ.